سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# «ۋەتەن ئۈچۈن داۋاملىق پادا بېقىپ چېگرا چارلايمەن»

## —— شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 9 - شىسى 161 - تۇەننىڭ چېگرا قوغدىغۇچىسى ۋېي دېيوۋ توغرىسىدا

ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى

□مۇخبىرىمىز جاڭ شياۋيەن

«مەن يەنە تىرىشىپ، ۋەتەن ئۈچۈن داۋاملىق پادا بېقىپ چېگرا چارلايمەن». «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ۋېي دېيوۋ مۇنداق دېدى: مەن تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ياخشى زىممەمگە ئېلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن.

### ■ مەڭگۈ ئەسكەر

1964 - يىلىنىڭ بېشىدا، 24 ياشلىق ۋېي دېيوۋ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بېيجىڭدىن شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە كېلىپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 9 - شىسى 161 - تۇەنى ئەسلىدىكى ئەسكەرلەر 2 - لىيەنىنىڭ «يېڭى ئەسكىرى»گە ئايلاندى.

دۆلەت مۇداپىئەسى توسۇقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى ئەسكەرلەر 2 - لىيەنى ئادىمىزات ئاياغ باسمىغان ساربۇلاق يايلىقىغا ئورۇنلاشتى. تۇپراقنىڭ شورلىشىشى ئېغىر بولغاچقا، بۇ يەردە ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەر ئۆسمەيتتى، بىر پارچە چۆل - جەزىرە ئىدى. بۇ قاقاس چېگرا لىنىيەسىدە ۋېي دېيوۋ تۇپتوغرا 55 يىل چېگرانى چارلىدى، باسقان ئومۇمىي مۇساپىسى 200 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشقان بولۇپ، بۇ يەر شارى ئېكۋاتورىنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ ماڭغانغا باراۋەر؛ چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان نەچچە 10 مىڭ چارۋىنى توسۇدى، چېگرادىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان 1000 نەچچە كىشىنى نەسىھەت قىلىپ قايتۇردى. ۋېي دېيوۋ سەپداشلىرى بىلەن بىللە چېگرا لىنىيەسىنى بويلاپ پادا بېقىپ، يەر تېرىپ، چېگرانى چارلاش، ساقلاش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، تەۋەلىكتە 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كۆچەت چېگرا تېشىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھاياتى بىلەن ۋەتەن زېمىنىنى قوغدىماقتا.

«كۆز يەتكۈسىز چۆل - جەزىرە ئالدىدا، پۈتۈن لىيەندىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياش بىرلىكتە جەڭگە ئاتلاندى. شۇ چاغدا مەن بىر كۈندە ئىككىلا موما يەپ، بىر مودىن كۆپرەك يەر ئاچاتتىم ياكى كۆچەت تىكىدىغان 30 - 20 ئورەك كولايتتىم». ۋېي دېيوۋ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىكنىڭ قوللىرى ئۇستى ئۇستىلەپ قاپىرىپ كېتەتتى، بەزىلىرى مۇشتۇمنىمۇ چىڭ تۈگەلمەي قالاتتى، لېكىن ھەممىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى».

ۋېي دېيوۋ بىڭتۇەنلىكلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئالاھىدە بۇرچىنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى چۈشىنەتتى. «بىڭتۇەنلىكلەر مەڭگۈ ئەسكەر!» ۋېي دېيوۋنىڭ قېپقېلىش ئىرادىسى قەتئىي ئىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇنىڭدا بىر ئۆمۈر چىڭ تۇردى.

### ■ چېگرانى قوغدىغانلىق —— دۆلەتنى قوغدىغانلىق

چېگرانى قوغداش ئۈچۈن ۋېي دېيوۋ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى يەتكۈچە تېتىدى، ئەمما 55 يىلدىن بۇيان، ئۇ باشتىن - ئاخىر بىر ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى: ئائىلىنىڭ ئۆزى قاراۋۇلخانا، چېگرانى قوغدىغانلىق —— دۆلەتنى قوغدىغانلىق.

1969 - يىلى ۋېي دېيوۋ تۇەن - مەيدانىنىڭ «تۆمۈر كالا ئەترىتى» ھەرىكىتىگە قاتناشتى، ساربۇلاقنى چارلاشتا، قوشنا دۆلەت قوشۇنلىرى بىلەن پات - پات سۈركىلىشىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، ھەر ۋاقىت ئوق - دورىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

شۇ مەزگىلدە، ۋېي دېيوۋ ساربۇلاققا بېرىپ كالا پادىسى گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ، بالىلىرىنى ئېلىپ ساربۇلاق ئېقىنىنىڭ يېنىدىكى گەمىگە كۆچۈپ كىردى.

1981 - يىلى بىڭتۇەننىڭ تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئەسكەرلەر 2 - لىيەنگە قاراشلىق جاي چاغانتوقاي ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984 - يىلى 161 - تۇەن كالا پادىلىرىنى كىمئارتۇق قىلىپ ساتتى، ۋېي دېيوۋمۇ ئەسلىدىكى ئەسكەرلەر 2 - لىيەندىن باشقا لىيەندىگە يۆتكىلىپ خىزمەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئۈچ تۇياق كالا، 20 تۇياق قوي سېتىۋېلىپ، پۈتۈن تۇەندە باقمىچىلىقنى باشلامچىلىق بىلەن راۋاجلاندۇردى. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئەسكەرلەر 2 - لىيەندىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى.

شۇ چاغدىكى تەۋەلىك چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ لىيەنجاڭى بەي سۇڭ ۋېي دېيوۋنى ئىزدەپ بېرىپ: «سىز كەتمەسلىكنى قارار قىلغان ئىكەنسىز، مەن جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىدىغان قوي پادىسىنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرەي. كالا، ئات، قويلار چېگرا ئەسلىھەلىرى بولمىغان ئەھۋالدا ئاسانلا چەتكە چېتىشلىق ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىزنىڭ چېگرانى قوغداش تەجرىبىڭىز بار، سىز چېگرا قوغدىغۇچىسى بولۇڭ، بولامدۇ؟» دېدى.

ۋېي دېيوۋ دەرھاللا ماقۇل بولدى. بەي سۇڭ چېگرانىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى بىر تەۋەلىك رايوننى ۋېي دېيوۋنىڭ مال بېقىپ چېگرانى چارلاش رايونى قىلىپ بېكىتىپ، «خالىس چېگرا قوغدىغۇچى» دېگەن يەڭ بەلگىسى ۋە بىر دۇربۇن سەپلەپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ۋېي دېيوۋنىڭ مەسئۇل بولغان رايوننى بىر ئايلىنىپ چىقىشى 15 كىلومېتىردىن كەم بولمىدى.

چېگرانى قوغدىغان 55 يىلدا، چارلاش جەريانىدا قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنى، قانچە جۈپ ئاياغنىڭ يىرتىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئەمما ۋېي دېيوۋنىڭ قاراۋۇلخانىدا تۇرۇپ چېگرانى ساقلاش، زېمىننى قوغداش ئېتىقادى ۋە ئىرادىسى ئەزەلدىن ئاجىزلاپ قالمىدى.

### ■ چېگرانى قوغداش بۇرچىنى قەتئىي ساقلاش

«نەچچە ئون يىل بولدى، نېمە ئۈچۈن بۇ قاقاس دالىدا بۇنداق جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىسىز؟» بەزىلەر ھەمىشە ۋېي دېيوۋدىن مۇشۇنداق سورايتتى.

«مەن بىر پارتىيە ئەزاسى، پادا بېقىپ چېگرانى قوغداش مېنىڭ بۇرچۇم!» ۋېي دېيوۋنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر كۈنى بىر ئايلىنىپ كەلمىسە، دۇربۇندا بىر كۆزىتىۋەتمىسە خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىكەن.

1983 - يىلى 6 - ئايدا، ۋېي دېيوۋ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى. 1984 - يىلى، ئەسلىدىكى ئەسكەرلەر 2 - لىيەنى پارتىيە ياچېيكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىرقانچە ئون يىلدا، ۋېي دېيوۋ پارتىيە بەدەل پۇلىدىن بىر پۇڭنىمۇ كەم قالدۇرمىدى، بەزىدە باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ تاپشۇردى، يەنە بەزىدە 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇەن تەشكىلات بۆلۈمىگە ئۆزى بېرىپ تاپشۇردى. تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزەلمىسە، ئۇ چېگرا مۇداپىئە پونكىتىغا بېرىپ ئەسكەر باللار بىلەن بىللە ئۆگىنىش قىلدى، كۆپ ھاللاردا رادىئودىن پارتىيەنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «جاپانىڭ ئۆزى سىناقتۇر، مەيلى قاچان، قەيەردە بولاي ھەر ۋاقىت پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىمگە ماس كېلىدىغان ئادەم بولىمەن».

بىر قېتىم چارلاۋاتقان چاغدا، قار بارغانسېرى قاتتىق يېغىپ، تېمپېراتۇرا بارغانسېرى تۆۋەنلىدى، قار سۈيى ۋە تەردە ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرى ناھايىتى تېزلا توڭلاپ قېتىپ كەتكەن ۋېي دېيوۋ ھەربىر قەدەمنى ناھايىتى تەستە باساتتى. يالغۇز قېلىپ ياردەمگە موھتاج بولغان ئاشۇ پەيتتە، ئۇ يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاجىز نۇرنى كۆرۈپ، قول چىرىغىنى ئېلىپ نۇر كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ توختىماي ياندۇردى. ئاخىرىدا، يەرلىكتە تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى.

«ھاۋا ياخشى بولمىغاندىكەن، بالدۇرراق قايتىپ كەلسىڭىز بولامدۇ.» كۆپ قېتىم خوتۇنى ليۇ جىڭخاۋ چارلاشتىن قايتىپ كەلگەن ئېرىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ئىچ ئاغرىتقىنىدىن يىغلاپ كېتەتتى. لېكىن ۋېي دېيوۋ ئىنتايىن جاھىللىق بىلەن: «تەشكىلىنىڭ مېنى بۇ يەرنى مۇھاپىزەت قىلدۇرغانلىقى ماڭا ئىشەنگەنلىكى، مەن ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلىشىم كېرەك!» دېدى.

قىز - ئوغۇللىرى ۋېي دېيوۋغا تۇەندىن بىنا ئۆي ئېلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشتىن - ئاخىر كېتىشنى خالىماي: «چېگرانى قوغدايدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن قېپقېلىشىم كېرەك» دېدى.

تەشكىل ۋېي دېيوۋدىن ئائىلىسىدە قانداق قىيىنچىلىق بارلىقىنى سورىغاندا، ھەر دائىم «يوق» دېگەن جاۋابقا ئېرىشەتتى.

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىلگىرىكى سەپداشلىرى كەينى - كەينىدىن يۇرتلىرىغا قايتىشتى، چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئالماشتى، يايلاقتىكى چارۋىچىلارمۇ شارائىتى تېخىمۇ ياخشى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىلىرىغا كۆچۈپ كەتتى. لېكىن ۋېي دېيوۋ ئەر - خوتۇن قېلىشنى تاللاپ، بىر ئۆمۈر چېگرا تېشى ئەتراپىنى چىڭ ساقلىدى.

# جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوشىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى جياڭ پىڭئەن مۇنداق دېدى: 70 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاسان قولغا كەلمىگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى، بەختى. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، كېڭەشش ئارقىلىق ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئەقىل - پاراسەتنى مۇجەسسەملەپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، ياخشى ياردەمچىسى، ياخشى خىزمەتدىشى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى چېن چى مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەسلەپ ئۆتۈلدى، شۇنداقلا بىزنىڭ يېڭى دەۋردە داۋاملىق كۈرەش قىلىشىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلدى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن قويۇق ھەمكارلىشىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيەلىك رولىنى پائال جارى قىلدۇردى. جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىرادىسىدىن يانماي چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «تۆتتە يېڭى» «ئۈچتە ياخشى» تەلىپى بويىچە، ھەمكارلىقتىكى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، داۋاملىق قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، جەمئىيەت مۇلازىمىتى قاتارلىق ساھەلەردە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىق ئىشلىرىدا پۈتۈن كۈچ بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىدۇ.

جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى دۇڭ شىنگۇاڭ مۇنداق دېدى: 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يېڭى جۇڭگو دۇنيا يېڭىچە نەزەردە قارايدىغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى باشتىن - ئاخىر كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد ساھەسى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە جەمئىيەت مۇلازىمىتى خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مەركىزىي خىزمەتنى زىچ چۆرىدەپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيەلىك فۇنكسىيەسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى باۋ ئەنمىڭ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى كىشى قەلبىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. يېڭى تارىخىي مۇساپىدە، جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى باشتىن - ئاخىر كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنى ئورنىتىش ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، مائارىپ، مەدەنىيەت، نەشرىيات، تاراتقۇ ساھەسىدىكى ساھە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «ئومۇم ئۈچۈن جەمئىيەت قۇرۇش» ئېسىل ئەنئەنىسىنى خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئەمەلىيىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارى ۋە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ تۆرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوشىدۇ.

جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيەسى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ئۆگىنىش داۋامىدا مۇنداق قاردى: 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈزبېرىپ، دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان جۇڭگو مۆجىزىسى يارىتىلدى. جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى مىڭ چېڭسەي مۇنداق بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەۋى ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئېسىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشىمىز.

«3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ئۆگىنىش داۋامىدا مۇنداق قاردى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ۋەتەننى سۆيۈش، دېموكراتىك بولۇش، ئىلمىي بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي قۇرۇلۇش، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئىقتىدار قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ كۈچەيتىپ، ئالاقە باغلىغان پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئەل قەلبىنى مۇجەسسەملەش، ئەقىل - پاراسەتنى مۇجەسسەملەش، كۈچنى مۇجەسسەملەش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەمكارلىقتىكى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، داۋاملىق قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ تيەن گاڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىز ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئىشەنچىنى مۇجەسسەملەپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى سىستېمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى ئەمەلىي، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىشلىرىنىڭ تەسىر كۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

پارتىيە - گۇرۇھسىز زات، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى گۈلپەرى ئابدۇللا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە يېڭى جۇڭگو قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەڭ ئىخچام خۇلاسىلىنىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدىكى ئۇلۇغۋار پىلان پىلانلىنىپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىلدى. مەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش بۇرچىنى ھەققىي زىممەمگە ئېلىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز ساداقىتىمنى ئىزھارلايمەن.

**(مۇخبىرلىرىمىز يۈەن لېي، لى ياڭ، مېھرىگۈل غوپۇر، ۋاڭ يۇجاۋ، جاۋ شىيا، شيې خۇيبيەن يازغان)**

# ئاپتونوم رايونىمىز ئىش ئۈستىدە يارىلانغان(ئۆلۈپ كەتكەن) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى تەمىناتىنى يەنە بىر قېتىم تەڭشىدى

مۇخبىرىمىز لى چۈنشيانىڭ 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئۇقۇشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىز 2018 - يىلى ئىش ئۈستىدە يارىلانغان(ئۆلۈپ كەتكەن) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى تەمىناتىنى تەڭشىگەن. بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلانغان(ئۆلۈپ كەتكەن) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى تەمىناتى سەۋىيەسىنى ئۇدا 15 - يىلى تەڭشىشى بولۇپ، 8044 ئادەمگە نەپ يەتكۈزىدىكەن.

بۇ قېتىملىق تەڭشەشنىڭ دائىرىسى 2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن ئاي بويىچە مېيىپلىك قوشۇمچە پۇلى، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش ھەققى، تۇغقانلىرىنى بېقىش نەپىقە پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىش ئۈستىدە يارىلانغان خادىملار بولۇپ، تەڭشەش ۋاقتى 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

بۇ قېتىملىق تەڭشەش ئۆلچىمى: مېيىپلىك قوشۇمچە پۇلى ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، ئايدا كىشى بېشىغا 194 يۈەن كۆپەيتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىدىن 4 - دەرىجىلىككىچە بولغان ئىش ئۈستىدە يارىلىنىپ مېيىپ بولغان خادىملارنىڭ ئايلىق مېيىپلىك قوشۇمچە پۇلى كىشى بېشىغا 3249 يۈەنگە يەتكۈزۈلىدۇ؛ تۇغقانلىرىنى بېقىش نەپىقە پۇلى ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، ئايدا كىشى بېشىغا 84 يۈەن كۆپەيتىلىپ، كىشى بېشى نەپىقە پۇلى 1410 يۈەنگە يەتكۈزۈلىدۇ؛ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش ھەققى ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، ئايدا كىشى بېشىغا 98 يۈەن كۆپەيتىلىپ، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش ھەققى كىشى بېشىغا 1644 يۈەنگە يەتكۈزۈلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى چېن خۇگېن مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك تەمىناتنى تەڭشەش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونىمىز 2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان ئىش ئۈستىدە يارىلانغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تاماق ياردەم پۇلى ھەققى ھەمدە بىرتۇتاش غەملىنىدىغان رايوندىن باشقا جايغا بېرىپ داۋالىنىش مەزگىلىدىكى قاتناش، ياتاق ياردەم پۇلى ھەققى ئۆلچىمىنى تەڭشەيدۇ، كونكرېت مۇنداق بولىدۇ: ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغاندىكى تاماق ياردەم پۇلى ھەققى ھەربىر ئادەمنىڭ كۈنىگە 26.5 يۈەنگە تەڭشىلىدۇ؛ بىرتۇتاش غەملىنىدىغان رايوندىن باشقا جايغا بېرىپ داۋالانغان مەزگىلدىكى قاتناش ھەققى پويىزنىڭ قاتتىق كارىۋىتى، يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز ياكى ئوق پويىزنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئورنى، پاراخوتنىڭ 3 - دەرىجىلىك بۆلۈمچىسى، ئاپتوموبىل بويىچە ئەينەن ئاتچوت قىلىنىدۇ، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىنىڭ تالونىغا ئاساسەن 50%ى تۆلەپ بېرىلىدۇ. ياتاق ھەققى ئۆلكە مەركىزى(پىلانى ئايرىم شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۇرۇشلۇق جايدا ھەربىر ئادەمگە كۈنىگە 120 يۈەنلىك، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر تۇرۇشلۇق جايدا ھەربىر ئادەمگە كۈنىگە 100 يۈەنلىك، ناھىيە بازىرى تۇرۇشلۇق جايدا ھەربىر ئادەمگە كۈنىگە 80 يۈەنلىك ئۆلچەم بويىچە ئاتچوت قىلىپ بېرىلىدۇ.

تەلەپ بويىچە، ھەرقايسى جايلار ئىش ئۈستىدە يارىلانغان(ئۆلۈپ كەتكەن) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەڭشەلگەن مېيىپلىك قوشۇمچە پۇلى، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش ھەققى، تۇغقانلىرىنى بېقىش نەپىقە پۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك تەمىناتنى 2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ قولىغا تارقىتىپ بېرىشى كېرەك.

# يېزا - كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى يېتەكچى قىلىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تەجرىبە، ئۇسۇللىرى خۇلاسىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئەۋزەللىكلىرى ۋە كەمتۈكلۈكلىرى سىستېمىلىق تەھلىل قىلىنىپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسى، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تۈرتكە بولۇش، يېزا - كەنت كەسىپلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشىگە تۈرتكە بولۇشقا تېخىمۇ كۈچەپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ كەسىپ شەكلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېيىتىپ، كەسىپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلاندى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىشىگە، ئەمەلىي بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى يېتەكچى قىلىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تىرىشىپ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لىنىيەنى ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەز سورتىنى ياخشىلاش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىش، خاس كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئالاھىدىلىكى روشەن، ئەۋزەللىكى تولۇپلانغان، كەسىپلەر يۇغۇرۇلغان، بازار رىقابەت كۈچى كۈچلۈك بولغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەل رايونى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ سىجىل ئېشىشىغا ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى كۆزلەپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە تۇرمۇش شەكلى ھەم جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ تېپىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بايلىق تەقسىماتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېغىر نامرات رايونلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يېڭى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېزا - كەنتلەرنىڭ يېشىل تەرەققىيات سەۋىيەسى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سەۋىيەسى، ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسى، ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاش كېرەك. يېزا - كەنت سېلىنما كاپالىتى سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسى، ئىختىساسلىقلار تىرىكى سىستېمىسى، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى، يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن دۇڭ شىنگۇاڭ، مۇتەللىپ ئوبۇل، كۇڭ شىڭلۇڭ قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى قىسمەن ئورۇنلار، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، تەتقىقات ئۆمەكلىرى، كارخانىلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەردى.